① ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

دېھقان، توپ، كىتاب، كۇتۇپخانا

② ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغۇم ياكى ئاخىرقى بىر نەچچە بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار،ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا يەنە كەينى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

ئالىم، ئەستايىدىل

③ ھەر بوغۇمدا ئارا سوغۇق تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن، ھەمدە سۆز يىلتىزىدا غ ياكى ق قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار بار. مەسىلەن:

قىيىن، ئېغىر، خىش

ئىزاھات: ھەر بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار، بىراق ك، گ، ق، غ، خ قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار بولغان بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن بىرگە كەلمەيدۇ، تىل ئالدى سۆز تومۇرى ياكى تىل كەينى سۆز تومۇرىغا ئائىت بولغاندا، چوقۇم مۇنۇلارنى ئەستە تۇتۇش لازىم، مەسىلەن، سىز، بىز، قاتارلىق ئالدى سۆز تومۇرى، تىل، سىنىپ قاتارلىقلار تىل كەينى سۆز تومۇرى.

**1-قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تومۇرىنىڭ تۇرلىنىش پىرىنسىپى**



تىل ئالدى سۆز تومۇرى تىل ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن تۇرلىنىدۇ، تىل كەينى سۆز تومۇرى تىل كەينى قوشۇلغۇچى بىلەن تۇرلىنىدۇ، مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مەكتەپ | + لەر ← | مەكتەپلەر |
| مۇئەللىم | + لەر ← | مۇئەللىملەر |
| گېزىت | + لەر ← | گېزىتلەر |
| ساۋاقداش | + لار ← | ساۋاقداشلار |
| ئوقۇغۇچى | + لار ← | ئوقۇغۇچىلار |
| تىل | + لار ← | تىللار |

**2- ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى**

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ساندىكى ئىسىملار بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نامنى ئىپادىلەپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار سان جەھەتتىن بىرلىك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار بىر ياكى كۆپ شەيئىنى بىلدۈرۈشكە قاراپ بىرلىك

ساندىكى ئىسىملار ۋە كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلىك ساندىكى ئىسىملار بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن، دۆلەت، شەھەر، تاغ، دېھقان، ئوقۇتقۇچى، كىتاب...

كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار بىردىن ئارتۇق شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسىملار گەرچە شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار شۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بىرسىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت بۇ ئىسىملارنى دۆلەتلەر، شەھەرلەر، تاغلار، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار دەپ ئېيتساق ئاندىن شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك سانىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «لار، لەر» قوشۇمچىسىنى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى دەيمىز.

| بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- |
| مەكتەپ | مەكتەپلەر |
| مۇئەللىم | مۇئەللىملەر |
| زاۋۇت | زاۋۇتلار |
| ساۋاقداش | ساۋاقداشلار |

ئېغىز تىلىدا، - لار / - لەر قوشۇمچىلىرىدىكى « ر » ھەرپى بوغۇم ئاخىرىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.
ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىسىملارغا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ.

1) كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇشقا بولىدىغان ئىسىملارغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئادەملەر، شەھەرلەر، تاغلار، باللار، كىتابلار، ئوقۇتقۇچىلار.

2) ساناق سانلار بىلەن بىۋاستە ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ.
مەسىلەن :

«20 ئادەم، 50 دانە كىتاب، 5 مەكتەپ» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، «20 ئادەملەر، 50 دانە كىتابلار، 5 مەكتەپلەر» دېگىلى بولمايدۇ.

3) ئىسىملاردىن كەلگەن تەۋداش بۆلەكلەر ئالاھىدە تەكىتلەنسە قوشۇمچىلار ھەربىرىگە ئۇلىنىدۇ، تەكىتلەنمىسە ئەڭ ئاخىرقى بىرسىگىلا ئۇلىنىپ ھەممىسىگە ئورتاق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

① سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملار ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۈگۈنكى يىغىنغا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى – خىزمەتچىلەر قاتناشتى.

4) جىسمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياكى مىقدار بىرلىكى تۈرلۈك ئۆلچەشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ شەيئىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ شەيئى تۈرىنىڭ ياكى مىقدارىنىڭ بىرلىكىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن :

«سۇلار» دېسەك ناھايىتى كۆپ سۇ دېگەنلىك بولماستىن ئېرىق – ئۆستەڭ سۈيى، كۆل سۈيى، دەريا سۈيى، دېڭىز – ئوكيان سۈيى دېگەن مەنىنى ياكى بىرقانچە خىل نەرسىلەرگە ئېلىپ قويۇلغان سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5) ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ ئىسىمنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

«ئىنقىلاب»، «تىنچلىق» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولمايدۇ. «ئوقۇش، ئۆگىنىش» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، «ئوقۇشلار، ئۆگىنىشلەر» دېيىلسە، سان جەھەتتىكى كۆپلۈكنى ئەمەس، ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئالاقىدار ئىشلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

6) خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، سانىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ خاس ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەرنى قوشۇپ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

«قاسىملار كەلدى» دېسەك نۇرغۇن قاسىم ئىسىملىكلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى قاسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7) جۈپ شەيئىلەر ياكى پەقەت بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك